# 6 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

## سالىقجان ئىمىن قاتارلىق 30 كىشى ئەخلاق نەمۇنىچىسى شەرىپىگە ئېرىشتى

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: نازۇك نۇقتىلار ئەخلاق نۇرلىرىنى جۇلالاندۇردى، ئاددىي كىشىلەرنىڭ خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى مەدەنىيلىكنى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئويۇن قويۇش - تارقىتىش زالىدا ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئالتە ئورۇن بىرلىشىپ مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن «تيانشاندا ئەخلاق نۇرىنى چاقنىتىش» 6 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلدى، سالىقجان ئىمىن قاتارلىق 30 كىشى ئەخلاق نەمۇنىچىسى شەرىپىگە ئېرىشتى.

مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» «باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش» «ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش» «سەممىي بولۇش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش» «كەسىپنى قەدىرلەپ تۆھپە قوشۇش» «چوڭلارغا ۋاپادار بولۇش، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا كۆيۈنۈش»تىن ئىبارەت ئالتە سەھىپىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر سەھىپىدە قىسقا فىلىم قويۇش، نەق مەيداندا سۆھبەتلىشىش، مۇكاپات لوڭقىسى تارقىتىش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش، مەدھىيەلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئەخلاق گۈزەللىكى چوڭقۇر شەرھلىنىپ، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ مەنىۋى قىممىتى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىلدى.

بۇ يىل 4 - ئاينىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي خىزمەت بۇسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 6 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى بىرلىكتە باشلىدى. كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىش، قاتلاممۇقاتلام باھالاش ئارقىلىق، ئۇنىۋېرسال باھا بېرىش، ئەلالىرى ئىچىدىن ئەلالىرىنى تاللاش پىرىنسىپى بويىچە، 200گە يېقىن نامزات ئىچىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» «باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش» قاتارلىق ئالتە تۈر بويىچە جەمئىي 30 نەپەر 6 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئەخلاق نەمۇنىچىسى باھالاپ چىقىلدى.

ئاساسىي قاتلامدىن كېلىش، ئىشنى ئاددىي ئىشلاردىن باشلاش. ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان بۇ ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنە «جوڭگو دۆلەت ھۈنەرۋەنى بويىچە يىللىق شەخس»، مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس، «جۇڭگودىكى ياخشى كىشىلەر»، ئىلغار چېگرا قوغدىغۇچى قاتارلىق شان - شەرەپلەرگە ئېرىشكەن.

ھەر ھەپتىدە ھويلىسىدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان سالىقجان ئىمىن، يۇلغۇندىن پايدىلىنىپ قۇمنى تىزگىنلەپ يېشىللىق بەرپا قىلغان «قۇم تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسى» ليۇ مىڭتىڭ، چىن قەلبى، ھەقىقىي ھېسسىياتى ئارقىلىق ئۇيغۇر مېيىپ قېرىنداشنىڭ بېيىشىغا ياردەم بەرگەن چېن ياۋپىڭ، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆستەڭنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چارلاپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن يەتتە كىشىنى قۇتقۇزغان ما جيەنچېڭ، نامرات، ئىگە - چاقىسىز 11 ياشانغان كىشىنى ئۆز تۇغقىنىدەك كۆرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالغان باھارگۈل نىغمەت ... ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى نەق مەيداندىكى نۇرغۇن تاماشىبىننى تەسىرلەندۈرۈپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغۇزدى، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن قىزغىن ئالقىش سادالىرى بىلەن ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىغا بولغان سەممىي ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتى 2008 - يىلدىن باشلاپ ئۆتكۈزۈلگەن، ھازىرغا قەدەر جەمئىي 176 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق ئەخلاق نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان.

# ئاپتونوم رايونىمىز 2019 - يىللىق كارخانا ئىش ھەققى يېتەكچى چېكىنى ئېلان قىلدى

مۇخبىرىمىز **رېن خۇانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە: 2019 - يىللىق شىنجاڭنىڭ كارخانا ئىش ھەققى يېتەكچى چېكى يېقىندا دۆلەت ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تەستىقلانغان ھەم رەسمىي چۈشۈرۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈش ئاساسىي ئۆلچەم چېكى 5%، ئۆستۈرۈش يۇقىرى چېكى 8%، تۆۋەن چېكى 2% بولىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئەمگەك مۇناسىۋىتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى سۈن رۇڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىش ھەققى يېتەكچى چېكى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى، ئاھالە ئىستېمال باھاسى كۆرسەتكۈچى ھەمدە ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئادەم كۈچى تەننەرخى قاتارلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ، ئۇ كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققىنى نورمال ئۆستۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، كارخانىلار بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى كوللېكتىپ كېڭىشىشنى قانات يايدۇرۇشى ھەمدە كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈش سەۋىيەسنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق بېكىتىشىنى پايدىلىق ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، 2019 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈش ئاساسىي ئۆلچەم چېكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنى 5% ئۆستۈرۈش ئىكەن. ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتى نورمال، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئاشقان كارخانىلار ئاساسىي ئۆلچەم چېكى بويىچە بۇ يىللىق ئىش ھەققى ئۆستۈرۈشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسا بولىدىكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈش يۇقىرى چېكى (ئالدىن سىگنال بېرىش چېكى) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنى 8% ئۆستۈرۈش ئىكەن. ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئېشىشى تېزرەك، ئىش ھەققى سەۋىيەسى تۆۋەنرەك كارخانىلار، «ئىككىدە تۆۋەن بولۇش» (ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولۇش؛ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولۇش) پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسا بولىدىكەن.

ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈش تۆۋەن چېكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنى 2% ئۆستۈرۈش ئىكەن. ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتى ئاساسىي جەھەتتىن نورمال، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچارراق كارخانىلار تۆۋەن چەككە ئاساسەن ئىش ھەققىنى ئۆستۈرسە بولىدىكەن. ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتى نورمال بولمىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى بىرقەدەر چوڭ بولغان ياكى ئېغىر زىيان تارتقان كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى نۆللۈك ئاشۇرۇلسا ياكى مەنپىي ئاشۇرۇلسا بولىدىكەن، لېكىن كارخانىلارنىڭ نورمال ئەمگەك بىلەن تەمىنلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بېرىدىغان ئىش ھەققى شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك ئىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، شىنجاڭ 2001 - يىلدىن باشلاپ، ئۇدا 19 يىل ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى يېتەكچى چېكىنى ئېلان قىلىپ كەلگەن. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر مۇشۇ ئاساستا، ئۆز جايىنىڭ كارخانا ئىش ھەققى يېتەكچى چېكىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ ئېلان قىلغان.

# 2019 - يىللىق شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى نومۇر چېكى ئېلان قىلىندى

## تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمنىڭ نومۇر چېكى ئىجتىمائىي پەننىڭ 510 نومۇر، تەبىئىي پەننىڭ 450 نومۇر بولدى

مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلان سانى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى، قوبۇل قىلىشتىكى ئارخىپ چىقىرىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى ھەرقايسى تۈركۈملەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئارخىپ چىقىرىش كونترول نومۇر چېكىنى ئايرىشنى قاراپ چىقىپ بېكىتتى ھەم ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىجتىمائىي پەن خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمنىڭ نومۇر چېكى 510 نومۇر، تەبىئىي پەننىڭ 450 نومۇر بولدى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ ھەرقايسى تۈركۈملىرىدە داۋاملىق توردا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش يولغا قويۇلىدىكەن، 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رەسمىي باشلىنىپ، سەككىز تۈركۈم بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە، 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاخىرلىشىدىكەن. ھەرقايسى تۈركۈملەردە پىلان ئورۇندالمىسا «شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورى» ھۆكۈمەت تەرەپ تور بېكىتى ئارقىلىق، داۋاملىق ئارزۇ قوبۇل قىلىنىدىكەن، جەمئىي بەش قېتىم توردا ئارزۇ قوبۇل قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. يېقىندا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاقتى ھەم ھەرقايسى تۈركۈملەردىكى پىلانى ئورۇندالمىغانلىرىنىڭ ئارزۇ قوبۇل قىلىش ۋاقتى ئېلان قىلىنىدىكەن، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەم ئائىلە باشلىقلىرى «شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورى» «شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش» ھۆكۈمەت تەرەپ ئۈندىدارىدا ئېلان قىلىنغان قوبۇل قىلىش جەريانى ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە خىزمەت ھالىتى قاتارلىق ئالاقىدار ئۇچۇرلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، تولدۇرغان ئارزۇنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان ئورنى ئىمتىھان بەرگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنى ھەم ئائىلە باشلىقلىرىنى مۇنداق ئەسكەرتتى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىلقى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى تولۇق كۇرس ئالدىنقى تۈركۈمنىڭ توردا ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 18دە ئاخىرلىشىدۇ، باشقا تۈركۈمنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سائەت 18دە ئاخىرلىشىدۇ، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەم ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتىنى بىر تۇتاش ياخشى پىلانلاپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى، ئورۇن تەرتىپى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئارخىپ چىقىرىش نومۇر چېكى، تەڭ دەرىجىلىك ئارزۇ بويىچە ئارخىپ چىقىرىش قائىدىسى قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى ئامىللارنى ئۇنىۋېرسال ئويلىشىپ، ئوبيېكتىپ، ئاقىلانە ھالدا ئارزۇ تولدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتى ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا ئارزۇنى ئۆزگەرتىشتىن ساقلىنىپ، تور قىستاڭچىلىقى ياكى جىددىيلىشىپ ئالاقزادە بولۇش سەۋەبىدىن ئارزۇغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىقىغا تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىگىلىمەك
كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

(بېشى 1 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەملىكەتلىك «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، نىشان يۆنىلىشى، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، ھوقۇق بېرىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولۇپ، بازارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئادىل رىقابەتكە توسالغۇ بولىدىغان تۈرلۈك بەلگىلىمە ۋە ئۇسۇللارنى قەتئىي ئېنىقلاپ بىكار قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى، «تىجارەت ئىجازەتنامىسى بىلەن تىجارەت كىنىشكىسىنى ئايرىۋېتىش» ئىسلاھاتى قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر گەۋدىلەشكەن توردىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، توردا ئىش بېجىرىش ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سېجىل ئەلالاشتۇرۇپ، ئۆستۈرۈپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سېجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى، ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشنى مۇھىم خىزمەت مەزمۇنى قىلىپ، تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى ياخشى تۇتۇپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ۋەزىپەنامە، ۋاقىت جەدۋىلى، لىنىيە خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار فۇنكسىيەسى، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

# ئارزۇغا ئىنتىلىش يولىدا تىرىشىپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش

## ــــ جېمنەي ناھىيەسىنىڭ جېمنەي بازىرى سارى ئۆلەڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى رىيزا باغدۆۋلېت توغرىسىدا

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

**يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□ مۇخبىرىمىز **جاڭ تىڭ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **خەن لىڭ**

جېمنەي ناھىيەسىنىڭ جېمنەي بازىرى سارى ئۆلەڭ كەنتى «جۇڭگو - قازاقستان چېگراسىدىكى 1 - كەنت» دەپ ئاتالغان، چۈنكى بۇ يەر قازاقستانغا ئەڭ يېقىن كەنت. كەنت چوڭ بولمىسىمۇ لېكىن پاكىز، رەتلىك بولۇپ، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكىگە دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان، قويۇق «چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش مەدەنىيىتى» بۇ يەرنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسىگە ئايلانغاندى.

«ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بۇ يەرگە باغلانغان رىشتى بۇرۇنلا مېنىڭ قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن، مەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قولىدىكى ‹كۆچ ئۇلاش كالتىكى›نى ياخشى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايمەن» دېدى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سارى ئۆلەڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى رىيزا باغدۆۋلېت مۇخبىرلارغا.

### ■ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش

رىيزا قابىلىيەتلىك، قىزغىن بولۇپ، گەپ قىلغاندا چىرايىدىن ئۆزگىچە ئىشەنچىلىك تەبەسسۇم چىقىپ تۇراتتى. قارىماققا ئاجىز كۆرۈنىدىغان بۇ ياش ئايالنىڭ چېگرادىكى دەريا بويىدا ئون يىل خىزمەت قىلغانلىقىنى، 82 ئائىلىدىكى 273 چارۋىچىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن تەس ئىدى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېگەن: ‹كۈرەش قىلىش ياشلىقنىڭ ئەڭ يارقىن سىماسى›، ئاساسىي قاتلامدىكى ياش كادىرلار قەدەمنى پۇختا ئېلىپ، يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلىشى كېرەك.» بۇ سۆزنى رىيزا دائىم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، رىيزا يۇرتىغا قايتىشنى تاللىدى. 2010 - يىلى، ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن كەنت كادىرى» ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، سارى ئۆلەڭ كەنتىگە تەقسىملەندى.

رىيزانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دەسلەپتە كەنتنىڭ ئەھۋالىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىگەچكە، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمىگەن. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇ قاتتىق يىغلىغان، ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئوبدان ئويلىغاندىن كېيىن، ياخشى ئىشلەش ئىرادىسىگە كەلگەن.

رىيزا كەنت كادىرلىرىنى باشلاپ قوتانلارغا كىرىپ، ئېتىز بېشىغا بېرىپ، كەنت ئەھۋالى، ئەلرايىنى ئىگىلىدى. پىششىق بىلمەيدىغان ئەھۋاللارنى ئۇ كەنتتىكى پىشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پىشقەدەم كادىرلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ سورىدى. تەرەققىيات پىكىر يولىنى تاپالمىغاندا، ئۇ قوشنا كەنتلەرگە بېرىپ تەجرىبە ئۆگەندى. رىيزانىڭ ئۆيى سارى ئۆلەڭ كەنتىگە 15 كىلومېتىر كېلەتتى، ئۇ توكسىكلەت مىنىشنى ئۆگىنىۋالدى، ئەتىگەندە ئۆيىدىن چىققاندا ئەتكەنچاي، نان ئېلىۋالاتتى، چۈشتە ھېرىپ قالسا، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئۈستەل - ئورۇندۇقلىرىدا بىردەم مۈگدەۋالاتتى، بەزىدە يېرىم كېچىگىچە ئالدىراش بولۇپ كەتسە، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۆيىدە ئارام ئالاتتى.

ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن. ئۈچ ئايدىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيە بويىچە تەشكىللەنگەن يېزا - بازارلارنىڭ يېرىم يىللىق خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاشتا، سارى ئۆلەڭ كەنتى ئۈچ ئاي ئىلگىرىكى كەيندىن سانىغاندا 1 - ئورۇندىن ئالدىدىن سانىغاندا 1 - ئورۇنغا ئۆتتى.

«شۇ كۈندىن باشلاپ، مەن ئۆزۈمگە ئىشىنىدىغان بولدۇم» دېدى رىيزا.

### ■ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش داۋامىدا چېنىقىش

2015 - يىلى 5 - ئايدا، رىيزا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، يېپيېڭى خىزمەت ئورنى ئۇنىڭدىن جەزمەن بىر قارارغا كېلىش، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئىلگىرى، سارى ئۆلەڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىز ئىدى، كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكى بىرمەھەل بىر ئىزدا توختاپ قالغان بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پىكرى بىرقەدەر كۆپ ئىدى. رىيزا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، كەنت كادىرلىرى بىلەن بىللە ئاممىنىڭ تەكلىپلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلاپ، بەنزىننىڭ ئىش تەقسىماتىنى تەڭشەپ، مەسئۇلىيەت - ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بەنزىننىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

ئىلگىرى كەنتنىڭ يوللىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى، 2016 - يىلى، رىيزا كەنتتىكى 12 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى يېتەكلەپ سېمونت، قۇم سېتىۋېلىپ، ئۆزلىرى قول سېلىپ 13 كىلومېتىر يولنى تۈزلىدى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشى مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، رىيزانىڭ نەزەرىدە ھەممىسى چوڭ ئىش، جىددىي ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇ دائىم: «مەن كومپارتىيە ئەزاسى، كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىم كېرەك» دەيتتى.

ھەربىر كىچىك ئىش، ئەمەلىي ئىش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئاممىا ئارىسىدىكى ئىناۋىتى تىكلەندى. كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، 2016 - يىلى، سارى ئۆلەڭ كەنتى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، جېمنەي ناھىيەسىدىكى بىرىنچى تۈركۈمدە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كەنتكە ئايلاندى.

شۇ يىلى، كەنتتە نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، رىيزا يەنە بىر قېتىم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، كەنت قىياپىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

### ■ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ياخشى كۈنلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش

كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، رىيزا مەۋقەنى كەنت ئەھۋالى، ئەلرايىغا قويۇپ، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تۈزدى. ئۇ بالىسىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى كۈنبويى ئېتىز - ئېرىق بېشىدا چېپىپ يۈرۈپ، پۈتۈن كەنتتىكى 1350 مو تېرىلغۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىكىنى كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ كەنت ئاھالىلىرىنى يەرنى ئوبوروت قىلىشقا ھەم جېمنەي پورتىنىڭ ساياھەت بايلىقى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، خاس دېھقانلار ئارامگاھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلىدى.

بۇ يىل 6 - ئايدا، ساياھەت ئاۋات پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، رىيزا كوچمۇكوچا ئارىلاپ، بىر تەرەپتىن كەنت ئاھالىلىرىگە تەرجىمان بولدى، بىر تەرەپتىن ساياھەتچىلەرگە كەنتنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇردى.

«بۇ بىرنەچچە كۈندە كەنتىمىزگە 1000غا يېقىن ساياھەتچى كەلدى، كەنت ئاھالىلىرى مىللىي خاسلىققا ئىگە ناخشا - ئۇسسۇللارنى ئورۇنلاپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىپ پۇل تاپتى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خۇشال.» بۇ نەچچە كۈندە ئېرىشكەن ھاسىلاتلارنى تىلغا ئالغاندا، رىيزانىڭ چىرايىدىن كۈلكە ياغدى.

بۇ يىل، سارى ئۆلەڭ كەنتى يەنە دېھقانلار ئارامگاھىدىن بەشنى تەرەققىي قىلدۇردى، 23 ئائىلىلىكنى تاللاپ چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇردى، بۇنداق قىلغاندا كەنتتىكى دېھقانلار ئارامگاھلىرىنى يېمەكلىك ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يىللىق تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تىلغا ئالغاندا، رىيزانىڭ ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

2015 - يىلى، سارى ئۆلەڭ كەنتى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. رىيزا كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى كۆرگەزمە زالى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت باغچىسى، ساياھەت مۇلازىمەت نۇقتىسى قاتارلىقلارنى يېڭىدىن قۇردى، كەنت قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىزىل مەدەنىيەت، ئېكولوگىيەلىك بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشى، گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى، مىللىي خاسلىققا ئىگە ساياھەت كەنتى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، «گۈزەل كەنت قۇرۇش، ساياھەت تامىقى يېيىش، نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش»تىن ئىبارەت بېيىش يولىنى ئاچتى.

قىيلمقان ئاقاتالىنىڭ ئائىلىسى ئىلگىرى كەنتتىكى نامرات ئائىلە ئىدى، قىيلمقاننىڭ خوتۇنى تاماققا ئۇستا بولغاچقا، رىيزا ئۇنى دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىشقا رىغبەتلەندۈردى. رىيزانىڭ ياردىمىدە، بۇلتۇر قىيلمقاننىڭ دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ كىرىمى 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

رىيزا مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم كەنت ئاھالىلىرىنى قايناق - تاشقىنلىققا چۆمگەن ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش.